دۇنيا كىتاب ئوقۇش كۈنىگە نەزەر

پۈتۈن شىنجاڭدىكى كۇتۇپخانا ۋە كىتابخانىلار مول مەزمۇنلۇق توردا كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى

# كىتاب ھىدى «يۇقۇم»غا قارشى جەڭگە كۈچ قوشىدۇ كىتاب ئوقۇش كەلگۈسىگە يول ئاچىدۇ

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ خېيفېڭ

«بۇ يىللىق دۇنيا كىتاب ئوقۇش كۈنىدە بىز بىر قاتار توردا كىتاب ئوقۇش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدۇق. بۇنىڭ ئىچىدە، بالىلارنىڭ سېھرىي كۈچكە تولغان كىتابلارنى ئوقۇش بايرىمى مۇكاپاتلىق پائالىيىتىدە بالىلارنى كىتاب ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش، كلاسسىك ئەسەرلەر بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇش، ئۆزىنى يۇكسەلدۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، نەچچە يۈز كىچىك ئوقۇرمەننى قاتنىشىشقا جەلپ قىلدۇق» دېدى 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىنىڭ كۇتۇپخانا باشلىقى لى لى مۇخبىرغا.

25 ـ قېتىملىق دۇنيا كىتاب ئوقۇش كۈنى يېتىپ كېلىش پەيتىدە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى كۇتۇپخانا ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى «كىتاب ھىدى ‹يۇقۇم›غا قارشى جەڭگە كۈچ قوشىدۇ، كىتاب ئوقۇش كەلگۈسىگە يول ئاچىدۇ» باش تېمىسىدىكى بىر قاتار ئومۇمىي خەلق كىتاب ئوقۇش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى. ئىلگىرىكى يىللاردىكىگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ يىل يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى داۋاملاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئالدىنقى شەرت قىلىنىپ، كىتاب ئوقۇش كۈنىدىكى تۈرلۈك پائالىيەتلەر كېلىشۋالغاندەكلا توردا «كۆچۈرۈلدى»، «بۇلۇت كىتاب ئوقۇش» بۇ يىللىق كىتاب ئوقۇش كۈنىدىكى ئەڭ ياخشى مەنزىرىگە ئايلاندى.

زوۋبېين يۇۋبېين كىتابخانىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئىككى تارماق كىتابخانىسى بولۇپ، مەركىزىي شەھەردىكى ئوقۇرمەنلەر توپىدا ناھايىتى تەسىر كۈچى بار. 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە، بۇ كىتابخانا 12 مەيدان توردا بەھرىلىنىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ ئىچىدە داڭلىق يازغۇچىلار بىلەن ئوقۇرمەنلەر بىرلىكتە ھېكايە دۇنياسى ئۈستىدە ئىزدىنىش، داڭلىق ئالىملار كۆپچىلىكنى باشلاپ كلاسسىك ئەسەرلەرنى قايتا ئوقۇش، مۇنەۋۋەر ھۆججەتلىك فىلىم رېژىسسورلىرى بىلەن بەھرىلىنىش يىغىنى، توردا گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش قاتارلىقلار بار، يەنە مەخسۇس كىچىك ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن توردىكى كلاسسىك سىزما ھېكايىلەر پائالىيىتى بار. ئوقۇرمەنلەر زوۋبېين يۇۋبېين كىتابخانىسىنىڭ ئۈندىدار سالونىنى قوشۇۋالسىلا ئۈندىدار تورىدا ئاۋازلىق بەھرىلىنەلەيدۇ. بەھرىلىنىش پائالىيىتى نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلدى.

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «80 ـ يىللاردا تۇغۇلغان» شەھەر ئاھالىسى لىيۇ يۇلىڭ زوۋبېين يۇۋبېين كىتابخانىسىنىڭ مەستانىسى، ئۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «مەن ئىككى مەيدان توردا بەھرىلىنىش پائالىيىتىگە قاتناشتىم، كىتاب ئوقۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان نۇرغۇن كىشى ئورتاق بەھرىلەندۇق، ئۆزئارا ئىلھام بەردۇق. گەرچە كىتابخانىدا بولمىساقمۇ، لېكىن قويۇق كىتاب ھىدىنى ھېس قىلالايدىكەنسىز».

«دۇنيا كىتاب ئوقۇش كۈنى كىتابخانىلارنىڭمۇ بايرىمى، بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن توردا كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنى مول، رەڭدار ئۆتكۈزۈپ، چېگرا رايون شەھىرىنى كىتاب ھىدىغا تولدۇرىمىز» دېدى زوۋبېين يۇۋبېين كىتابخانىسىنىڭ مەسئۇلى ۋاڭ جۈك.

بەندىي كىتابخانىسى مودا، نەپىس ئۇسلۇبى بىلەن ئۈرۈمچىدە خاسلىق ياراتقان بولۇپ، بۇ يىللىق خەلقئارا كىتاب ئوقۇش كۈنىدە، بۇ كىتابخانا تۇنجى قېتىم دوۋيىندا بىۋاستە كۆرسىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوقۇرمەنلەرگە ئەڭ يېڭى نەشر قىلىنغان ياخشى كىتاب، بازارلىق كىتابلارنى تەۋسىيە قىلدى، مەزمۇنى ئەدەبىيات، سەنئەت، تۇرمۇش قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ. ئىككى مەيدان بىۋاستە كۆرسىتىشتىن كېيىن، كىتابخانا ئەمدىلا تىزىمغا ئالدۇرغان دوۋيىن نومۇرىنىڭ مەستانىلىرى نەچچە يۈزگە يەتتى. «تۇنجى قېتىم دوۋيىندا بىۋاستە كۆرسىتىپ كىتاب تەۋسىيە قىلىش پائالىيىتىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن تەسىر كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. كۆپچىلىك ھەر ۋاقىت رىياسەتچى بىلەن ھەمتۇرتىكە بولالايدىكەن، قاتنىشىش تۇيغۇسى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدىكەن. مېنىڭچە بۇ، ياش ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىدىغان ياخشى ئۇسۇل» دېدى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «90 ـ يىللاردا تۇغۇلغان» شەھەر ئاھالىسى لىيۇ شياۋمىڭ.

كىتاب ئوقۇش، كىتاب ئاڭلاش، بىۋاستە كۆرسىتىشتىن بەھرىلىنىشتىن سىرت، «بۇلۇت كىتاب ئوقۇش»نىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى كۈنسېرى بېيىتىلىپ كۆپ مەنبەلىشىۋاتىدۇ. ئاممىۋى مەدەنىيەت مەيدان ـ سارايلىرىمۇ ئېقىمغا ئۇيغۇنلىشىپ، «بۇلۇت كىتاب ئوقۇش»نى سۇپا بىلەن تەمىنلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىنىڭ «بۇلۇت تېرمىنال كۇتۇپخانىسى»نىڭ ئوقۇرمەنلىرى 3 مىليون 100 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ، جەنۇبىي ـ شىمالىي شىنجاڭنى قاپلىدى، يەنە ئىچكىرى رايونلاردىمۇ نۇرغۇن ئوقۇرمەنلىرى بار. ئۈرۈمچى كۇتۇپخانىسىمۇ ئوقۇرمەنلەرگە «بۇلۇت تېرمىنال كۇتۇپخانىسى»نىڭ دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەر ۋاقىت ھەقسىز كىتاب ئوقۇشى ئۈچۈن نۇرغۇن كىتاب، ژۇرنال بايلىقى بىلەن تەمىنلەپ، ئۈرۈمچىدىكى ئوقۇرمەنلەرگە «بۇلۇت كىتاب ئوقۇش»قا كىرىدىغان يەنە بىر يول ئېچىپ بەردى.

«بۇ يىلقى دۇنيا كىتاب ئوقۇش كۈنىدە، توردا كىتاب ئوقۇش پائالىيەتلىرى مىسلىسىز ئېسىل ۋە مول بولدى، قاتناشقان ئوقۇرمەنلەر سانىنىمۇ ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى. ‹بۇلۇت كىتاب ئوقۇش›نىڭ كېڭەيتىلىپ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى پۈتۈن جەمئىيەتتە قويۇق كىتاب ھىدىنى تارقىتىش كەيپىياتىنى يارىتىشقا تېخىمۇ پايدىلىق. ئىشىنىمەنكى، بارغانچە كۆپ كىشى بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىنى يۇكسەلدۈرەلەيدۇ» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىنىڭ كۇتۇپخانا باشلىقى لى لى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئېشىشى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن ياخشى بولۇپ، مۇقىم باشلىنىش ئىشقا ئاشتى. بۇ ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئوڭۇشسىز ۋەزىيەتتە ئېشىشى، تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ ئۆرلىشى، ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئېشىشىنىڭ بىرقەدەر ياخشى بولۇشى، يۇقىرى تېخنىكىلىق مۇلازىمەت كەسپى ۋە ئىسكىلاتتا ساقلاش كەسپىنىڭ ئېشىشىنىڭ بىرقەدەر تېز بولۇشى، ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىشى، ئاھالە ئىستېمال باھاسى (CPI)نىڭ ئۆسۈش دەرىجىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن تۆۋەن بولۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە نامايان بولدى.

رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى بىرتۇتاش ھېسابلاش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، 1 ـ پەسلىدە ئاپتونوم رايونىمىزدا 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 11 مىليارد 18 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1.3% تۆۋەنلىگەن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن 1.9 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولغان؛ 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 109 مىليارد 923 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 0.2% ئاشقان، پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن 9.8 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولغان؛ 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 184 مىليارد 610 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 0.4% تۆۋەنلىگەن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن 4.8 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولغان.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىستاتىستىكا ئىدارىسى مۇنداق بىلدۈردى: كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايون يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» خىزمىتى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئېنىق تەدبىر ئارقىلىق ئېنىقسىز ئۆزگىرىشكە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشىدۇ. مېۋە ـ چېۋە بازىرىنى كېڭەيتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەلا سۈپەتلىك باغ ـ ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ نوپۇزى ۋە شۆھرىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىلغان جاي ۋە سېتىلىدىغان جاي بازىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، سېتىۋېلىش، پىششىقلاش، ساقلاش، يېڭى پېتى ساقلاش، توشۇش، سېتىش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش قاتارلىق ئىقتىدارلار بىر گەۋدىلەشكەن زامانىۋى مېۋە ـ چېۋە ئوبوروتى، سېتىش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىش كېرەك. «يۈز شەھەر، مىڭ دۇكان» قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ يولغا قويۇپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىچكىرى رايونلاردىكى بازىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش كېرەك. مېۋە ـ چېۋىلەرنى پىششىقلاش، ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى، سوغۇق ساقلاش زەنجىرسىمان ئەشيا ئوبوروتى سىستېمىسى قۇرۇلۇشى، باغ ـ ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرى سۈپەتلىك ماركا قۇرۇلۇشى، ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، كەسىپ زەنجىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۇزارتىپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، يېڭىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش سۇبيېكتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى قوللاپ، ياندااش سىياسەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ياخشى يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش زىچ جىپسىلاشقان، ئۇزاققىچە مۇقىم بولغان ئوبوروت يوللىرىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاساسىي قاتلامنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىنى ئاشكارىلاشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىۋى ئىشەنچلىكلىكى، ئىجرا قىلىش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، قانۇنچىل ھۆكۈمەت ۋە مۇلازىمەتچان ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشنىڭ مۇھىم تىرىكى. ئاساسىي قاتلامنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىنى ئاشكارىلاشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە باش نىشاننى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆلچەمنى يېتەكچى قىلىش، ئېھتىياجنى يۆنىلىش قىلىش، قانۇن ـ بەلگىلىمىگە تايىنىش، ئىسلاھاتتا يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، گوۋۇيۈەن تارماقلىرى تۈزگەن 26 ساھە ئۆلچەم كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، ئالاقىدار ساھەلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىنى ئاشكارىلاش ئىش تۈرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك رەتلەپ، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەت ئىشىنى ئاشكارىلاش ئىش تۈرلىرىنىڭ ئۆلچەم مۇندەرىجىسىنى ۋاقتىدا تۈزۈپ تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاشكارىلاش خىزمەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئۇچۇرلىرىنى ئىلتىماس بويىچە ئاشكارىلاش تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ مەمۇرىي تەدبىر بەلگىلىشىگە ئاممىنى قاتنىشىش مېخانىزمى، چۈشەندۈرۈش، ئىنكاس قايتۇرۇش خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىنى ئاشكارىلاشنى ئۆلچەملەشتۈرۈشنى يېزا ۋە مەھەللىلەرگە ئۇزارتىشقا تۈرتكە بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەھۋالنى بىلىش ھوقۇقى، قاتنىشىش ھوقۇقى، ئىپادىلەش ھوقۇقى، نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا قارارلارمۇ تەتقىق قىلىندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىستېمال بەلگىلەنگەن سوممىغا يەتسىلا دۇكان ئىچىدىكى چۈشۈرۈلگەن باھا ئاساسىدا ئىستېمال بېلىتىدىكى سوممىنى ئۈستىلەپ قوشۇپ چىقىرىۋېتىلىدۇ، بېلەت ئالغان كۈندىن باشلاپ يەتتە كۈنگىچە كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، پائالىيەت مەزگىلىدە يەنە ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا چىقسا، توردا ھەق تاپشۇرسا 50% ئېتىبار بېرىش يولغا قويۇلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر جوۋ چياڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۇ قېتىمقى خەلققە نەپ يەتكۈزۈش پائالىيىتى دەل جايىدا مۇلازىمەت قىلىش ۋە ھەرقايسى سودا بانكىلىرىنىڭ مەبلەغ جەھەتتىن قوللىشى ئارقىلىق، پۇل مۇئامىلىنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا مۇلازىمەت قىلىش، كەسىپلەرنىڭ ئەسلىگە كېلىپ جانلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش، ئىستېمال ئىشەنچىنى ئاشۇرۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سودا كارخانىلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تىجارەت قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىستېمالنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قويۇپ بېرىپ، ھەقىقىي تۈردە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئاھالىلەرنى مەنپەئەتلەندۈرۈپ، ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرۈپ، قاتناشقان سودىگەرلەرنى مەنپەئەتلەندۈرۈپ، ياردەمگە ئېرىشتۈرۈپ، ئىستېمالنى تولۇقلاش ۋە يوشۇرۇن كۈچنى قويۇپ بېرىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

جۇڭگو يىنلىيەن شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: كېيىنكى قەدەمدە ھەر تەرەپتىكى كەسىپلەر بىلەن داۋاملىق ماسلىشىپ، كۆچمە چىقىم قىلىشنىڭ خەلققە قولاي سورۇنلاردا قوللىنىلىشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، يۈنشەنفۇ، ھەرقايسى بانكىلارنىڭ يان تېلېفون بانكىسىدا ئىستېمال بېلىتى تارقىتىش، باھانى دەرھال كېمەيتىش، چۈشۈرۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، دېھقانلارغا ياردەملىشىپ ھەق تۆلەش، ئاممىۋى يول يۈرۈش، داۋالاش ـ ساغلاملىق، يېمەك ـ ئىچمەك، پارچە سېتىش قاتارلىق ساھەلەردىكى خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىستېمال بازىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئىستېمال بازارلىرىنىڭ جانلىنىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىگە تۈرتكە بولىمىز.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي دۆلەت سىياسىتى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. ھازىر، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى مىسلىسىز خىرىسقا دۇچ كەلدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىچكى ئېھتىياجنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بېرىپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش باسقۇچىدىن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا ئۆتۈپ، تەرەققىيات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئەلالاشتۇرۇش، ئېشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش كۈچى، رىقابەت كۈچى ۋە خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش زۆرۈر. تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئېغىر زەربە ئېلىپ كەلدى، مۇشۇنداق ۋاقىتتا بېسىمنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسى، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلام، تېخىمۇ يۇقىرى نىشاندا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەۋاتقان گەۋدىلىك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلغاندىلا، ئاندىن دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچى ۋە قۇدرەتلىك ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى تولۇق قويۇپ بېرىپ، يۇقۇم پەيدا قىلغان تەسىرنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، تەرەققىياتتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلەپ، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىياتنى كۈتۈۋالغىلى بولىدۇ.

تەرەققىيات تېما، ئىسلاھات كۈچ سەرپ قىلىش. خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشتا، جەزمەن ئىسلاھات چارىسى ئارقىلىق تەرەققىيات داۋامىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشنى ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى قىلىپ، ئەمەلىي ئىقتىسادقا كۈچەپ، يېڭى ئېھتىياجغا ئۇيغۇنلاشقان ئۈنۈملۈك تەمىناتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن تەمىنات سىستېمىسىنىڭ سۈپىتىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، تەمىنات بىلەن ئېھتىياجنىڭ ھەرىكەتچان تەڭپۇڭلۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئىلغار ياسىمىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئوتتۇرا، يۇقىرى ئىستېمال، يېڭىلىق يارىتىش يېتەكلەش، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق بولۇش، ئىقتىسادتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش، زامانىۋى تەمىنات زەنجىرى، ئادەم كۈچى كاپىتالى مۇلازىمىتى قاتارلىق ساھەلەردە يېڭى ئېشىش نۇقتىلىرىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. كەسىپلەرنى رەقەملەشتۈرۈش، رەقەمنى كەسىپلەشتۈرۈش ياراتقان يېڭى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئالاقە تورى، چوڭ سانلىق مەلۇمات، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار ۋە ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، 5G تورى، سانلىق مەلۇمات مەركىزى قاتارلىق يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، رەقەملىك ئىقتىساد، ھاياتلىق ـ ساغلاملىق، يېڭى ماتېرىيال قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر، كەلگۈسى كەسىپلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا بارلىققا كەلگەن نۇرغۇن يېڭى كەسىپ، يېڭى كەسىپ ھالىتىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى ئورنىتىش توغرىسىدىكى پىكرى»نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن بازار ۋە ئادىل رىقابەتكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان تۈرلۈك بەلگىلىمە ۋە ئۇسۇللارنى ئىنقىلاب بىكار قىلىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، مۈلۈك ھوقۇقى ئارقىلىق ئۈنۈملۈك رىغبەتلەندۈرۈش، مۇھىم ئامىللارنىڭ ئەركىن يۆتكىلىشى، باھا ئىنكاسىنىڭ جانلىق بولۇشى، رىقابەتنىڭ ئادىل، تەرتىپلىك بولۇشى، كارخانىلارنىڭ ياخشىلىرىنىڭ تاللىنىشى، ناچارلىرىنىڭ شاللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئېچىۋېتىش ئىلگىرىلەش ئېلىپ كېلىدۇ، بېكىنمىچىلىك مۇقەررەر ئارقىدا قالدۇرىدۇ. خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىشى ئالدىدا، جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىسى تاقالمايدۇ، بارغانسېرى چوڭ ئېچىۋېتىلىدۇ. بىز سىرتقا ئېچىۋېتىشنى قەتئىي كېڭەيتىپ، بازار ئېھتىياجىنى كەڭ قويۇۋېتىپ، سودا ـ تىجارەت مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، ئىمپورتنى پائال كېڭەيتىپ، چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىشنى كېڭەيتىپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى كارخانىچىلارنىڭ مەبلەغ سېلىپ ئىگىلىك تىكلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ئادىل، تەرتىپلىك مۇھىت يارىتىپ بېرىپ، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرىمىز، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىمىز، يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرىمىز. خەلقئارا ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە ھۆكۈم قىلىش ۋە ئۇنى تەھلىل قىلىشنى كۈچەيتىپ، قاراتمىلىققا ئىگە سىياسەت تەدبىرلىرىنى ۋاقتىدا تۈزۈپ، يەر شارىۋى تەمىنات زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىنى تىرىشىپ قوغداپ، تۈرلۈك ئىقتىساد ـ سودا پائالىيەتلىرىنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىمەن بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى ئۆلچەم، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇش نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۇنيانىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇش، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىقىغا تۆھپە قوشۇش كېرەك.

جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئەزەلدىن ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمىگەن، بەلكى خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورايغان. بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھازىرقى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتى توغرىسىدىكى باش تەلەپنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، پۇرسەتنى تۇتۇش ۋە يارىتىشقا ماھىر بولۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشقا جۈرئەت قىلساقلا، چوقۇم تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلارنى يېڭىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بېكىتكەن تەرەققىيات ۋەزىپىسى ۋە نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**